1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»

مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشى كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرستىلدى: مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشنى رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە پارتىيەلىك رەھبىري كادىرلارنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشى، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشىدىكى بىر قېتىملىق سىياسىي تەكشۈرۈش قىلىش، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى تەكشۈرىدىغان بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇن قىلىش كېرەك. باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق تەتبىقلاپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ ئىگىلەپ، دىققەتنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرۈپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە نەتىجىگە ئېرىشىش، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش، ئىش قىلىش ـ نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پاك ـ دۇرۇس بولۇپ ئۈلگە بولۇش نىشانىنى چۆرىدەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «تۆتكە سېلىشتۇرۇش»، «تۆتنى تېپىش» تەلىپىگە ئاساسەن، ھاسلاتنى ئىبدىتلاپ، مەسىلىنى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، چوڭقۇر ئانالىز قىلىش كېرەك. دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يېڭى كەيپىياتتا ئېچىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: پارتىيەلىك رەھبىري كادىرلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا ۋە ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شۇ رايون، شۇ ساھەگە بەرگەن مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى، «يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا ئائىت بىر قانچە مىزان»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى توغرىسىدىكى ئالاقىدار تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئۆلچەم، تەلەپنى ئىگىلەپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھى ۋە باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەخسۇس تېمىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملىشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرستىلدى: رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى ئارىسىدا، بەنزە ئەزالىرى مەسئۇل ئورۇننىڭ مەسئۇل يولداشلىرى بىلەن، ئۆزىنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋىتى تۇرۇشلۇق پارتىيە ياچېيكىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى بىلەن سىردىشىش ـ سۆزلىشىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، پىكىر ئالماشتۇرۇش كېرەك. ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى چىڭ ئىگىلەپ، باش تېما تەربىيەسىگە قاتنىشىشتىكى ھاسلات ـ تەسىراتنى سۆزلەش، ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش جەھەتتىكى پەرق، يېتەرسىزلىكلەرنى سۆزلەش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى ۋە پىكىر ـ تەكلىپلەرنى سۆزلەش كېرەك. رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە پارتىيەلىك رەھبىري كادىرلار ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ـ مۇھاكىمە قىلىش جەريانىدا تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ تېپىپ چىقىلغان مەسىلىلەر، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بايقالغان مەسىلىلەر، ئامما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەر، سىردىشىش ـ سۆزلىشىشتە كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەر قاتارلىقلارنى سىستېمىلىق رەتلەپ چىقىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ باھالاش جەريانىدا ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەر ۋە كۆرسەتكەن پىكىرلەر، ئالدىنقى يىللىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ۋە كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈزىتىشكە تېگىشلىك، ئەمما جايىدا تۈزىتىلمىگەن مەسىلىلەرنى رەتلەپ جەملىشى كېرەك. پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش ئاساسىدا، ئەينەككە قاراش، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈش، يۇيۇنۇش، داۋالىنىش تەلىپى بويىچە، «ئىنتىپاقلىق ــ تەنقىد ــ ئىنتىپاقلىق» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، كۈچلۈك بولغان ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن، پارتىيەگە، كەسپكە، يولداشلارغا، ئۆزىگە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىنى ئېلىپ، ئاكتىپ، ساغلام ئىدىيەۋى كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىدىيە ۋە سىياسىيدىكى چاڭ ـ توزانلارنى تازىلاپ، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ خاتالىقنى تۈزىتىش، كۈنسېرى ئىلگىرىلەش، كۈنسېرى يېڭىلاش كېرەك. ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتا ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا، كەمچىلىكى، ئەيىبىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئادەمنى كۆرۈش، ئىشنى بىلىش، ئىدىيەنى تونۇش كېرەك. ئۆزئارا تەنقىد قىلىشتا مەسىلىنى ھەققىي كۆرسىتىپ، ھەققىي مەسىلىنى كۆرسىتىپ، يۈزنى قىزارتىش ۋە تەرلىتىش، زەھەرنى ھەيدەپ كېسەل داۋالاش ئۈنۈمىگە يېتىش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدىن كېيىنكى مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى چىڭ تۇتۇشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر قىلىش كېرەك. پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش داۋامىدا تېپىپ چىقىلغان مەسىلىلەر ۋە مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ھەمدە ئۆزئارا تەنقىد قىلىشتىكى پىكىرلەرگە ئاساسەن، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزىتىش ۋاقىت چېكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۆز سۆز پېتى، ئىش ئىش پېتى قېلىشنىڭ، سوئاللا چىقىرىپ، جاۋاب بەرمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. تۈزۈم ئورنىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى، چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. تۈزىتىش ئەھۋالىنى مۇۋاپىق ئۇسۇل ئارقىلىق مەلۇم دائىرىدە پارتىيە ئەزالىرى، ئاممىغا ئاشكارىلاش كېرەك. مەخسۇس تۈزەشنى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا تۈزىتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشنىڭ ئاچقۇچى رەھبەرلىكتە. پارتىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلىرى، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئۈلگە بولۇشى، ياخشى ئۈلگە كۆرسىتىشى، مۇناسىۋەتسىز كىشى بولماسلىقى، چەتتە قاراپ تۇرغۇچى بولماسلىقى كېرەك. پارتكوم (پارتگورۇپپا) شۇجىلىرى بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشتىكى بىرىنچى مەسئۇل كىشى بولۇپ، ئۆزى بىۋاستە تۇتۇپ، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ئەستايىدىل تەشكىللەپ ياخشى ئېچىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگورۇپپا)لار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرىگە ئاساسەن، مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ يىغىن لايىھەسىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ، تەشكىللەپ يولغا قويۇشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئىشخانىلىرى مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي زىممىگە ئېلىپ، سىياسەت يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللارنى تەشۋىق قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ ئالتە تىپىك مەسىلىنى ئاشكارىلىدى

ئۆز خەۋەرىمىز تىپىك دېلو مىساللىرىنىڭ ئىبرەت قىلىش، چۆچۈتۈش رولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىگە دائىر ئالتە تىپىك دېلو مىسالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. بۇ ئالتە تىپىك دېلو مىسالى ئايرىم ـ ئايرىم تۆۋەندىكىچە:

1. قاراماي شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ سابىق پارتگورۇپپا شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى شاۋ جىڭخۇانىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل ئېلىش مەسىلىسى. 2013 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 2019 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە، شاۋ جىڭخۇا قاراماي شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى بولغان مەزگىلدە، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن تەشكىللىگەن زىياپەت پائالىيىتىنى كۆپ قېتىم قوبۇل قىلغان ھەم ئالىي دەرىجىلىك ھاراق ـ تاماكا، مال سېتىۋېلىش كارتىسى قاتارلىق جەمئىي 27 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل ئالغان؛ 2018 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە، ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەت پۇلىنى ئىشلىتىپ ساۋاقداشلىرى، دوستلىرىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ، جەمئىي 2800 يۈەن ئىستېمال قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، شاۋ جىڭخۇادا يەنە باشقا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىمۇ ساقلانغان. شاۋ جىڭخۇاغا پارتىيەدە ئىككى يىل قالدۇرۇپ سىناش، مەمۇرىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلدى، ئىنتىزامغا خىلاپ تاپاۋەتنى قايتۇرۇۋېلىندى.

2. قەشقەر ۋىلايىتى مەكىت ناھىيەلىك بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كادىرى ما جىڭنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ باشقۇرۇش، مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىدىن سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل ئېلىش، ئاپتوموبىل ئارىيەتكە ئېلىپ ئىشلىتىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، چاغان قاتارلىق بايرام مەزگىللىرىدە، ما جىڭ خىزمىتىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا 12 باشقۇرۇش، مۇلازىمەت ئوبيېكتى سوۋغا قىلغان جەمئىي 40 مىڭ 600 يۈەن قىممىتىدىكى سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل ئالغان؛ 2019 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى ئۆزىنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئارىيەتكە ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ما جىڭدا يەنە باشقا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىمۇ ساقلانغان. ما جىڭغا پارتىيەدە بىر يىل قالدۇرۇپ سىناش، مەمۇرىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلدى، ئىنتىزامغا خىلاپ تاپاۋەتنى قايتۇرۇۋېلىندى.

3. ئاپتونوم رايونلۇق يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قانۇن ئىجرا قىلىش تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن تارماق ئەترەت باشلىقى رۇ جىگاڭنىڭ شەخسىي ئاپتوموبىلىنى ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن بېقىش مەسىلىسى. 2019 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە، رۇ جىگاڭ كۆپ قېتىم ئىدارىسىنىڭ ماي قاچىلاش كارتىسىنى ئىشلىتىپ، تۇغقانلىرىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ شەخسىي ئاپتوموبىلىغا ماي قاچىلاپ، جەمئىي 1495 يۈەن خىراجەت قىلغان. رۇ جىگاڭغا پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش، مەمۇرىي چوڭ گۇناھ يېزىش جازاسى بېرىلدى، ئالاقىدار خىراجەت قايتۇرۇۋېلىندى، تولۇقلىتىۋېلىندى.

4. لوپ ناھىيەسى چاھارباغ يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ سابىق ساقچىخانا باشلىقى ئادىل مەتتۇرسۇننىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ سوۋغات بېرىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2015 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئادىل مەتتۇرسۇن لوپ ناھىيەسى سابىق ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى مەي X (باشقا دېلودا بىر تەرەپ قىلىنغان) بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا 7200 يۈەن قىممىتىدە سوۋغاتلىق بۇيۇم بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئادىل مەتتۇرسۇندا يەنە باشقا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىمۇ ساقلانغان. ئادىل مەتتۇرسۇنغا پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى، مەمۇرىي جەھەتتە دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش جازاسى بېرىلدى.

5. گۇچۇڭ ناھىيەلىك 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ما ۋېنيۈەننىڭ قىزىنىڭ توينى بەلگىلىمىگە خىلاپ ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى. 2018 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، 12 ـ كۈنى، 2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ما ۋېنيۈەن بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا بىر قانچە نۇقتا، بىرقانچە جايغا بۆلۈپ قىزىنىڭ توينى ئۆتكۈزۈپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرى، خىزمەتداشلىرى بولۇپ جەمئىي 86 ئادەمنى تەكلىپ قىلغان، ھەم 13 مىڭ يۈەن سوۋغاتلىق پۇل ئالغان. ما ۋېنيۈەنگە پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى، ئىنتىزامغا خىلاپ تاپاۋەتنى تولۇق قايتۇرۇشقا بۇيرۇلدى.

6. ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رەئىس ئەركىن ئىسلامنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2013 ـ يىلدىن 2015 ـ يىلغىچە، ئەركىن ئىسلام ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان مەزگىلدە، كۆپ قېتىم باشقۇرۇش، مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت مەزگىلدە مۇناسىۋەت باغلاش ئۈچۈن سوۋغا قىلغان جەمئىي 22 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ھاراق ـ تاماكا، سوۋغاتلىق پۇل قاتارلىقلارنى ئالغان؛ 2015 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئوغلىنىڭ توينى ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ باشقۇرۇش، مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ جەمئىي 10 مىڭ يۈەن سوۋغاتلىق پۇلىنى قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەركىن ئىسلامدا يەنە باشقا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىمۇ ساقلانغان. ئەركىن ئىسلامغا پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى، ئىنتىزامغا خىلاپ تاپاۋەتنى قايتۇرۇۋېلىندى.

ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يۇقىرىقى ئالتە مەسىلە ئىچىدە، ھەم ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارغا چېتىلىدىغانلىرى، ھەم ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارغا چېتىلىدىغانلىرى بار، بەزىلىرى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ ـ ئىچىشنى تەشكىللىگەن، بەزىلىرى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل ئالغان، بەزىلىرى شەخسىي ئاپتوموبىلنى ھۆكۈمەت پۇلىغا باققان، بەزىلىرى ھەشەمەتچىلىك قىلىپ، پۇل ـ مال توپلىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ قىسىم ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىش پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن يۈز بەرگەن بولۇپ، تىپىك نەپسىنى يىغماسلىق، قولىنى تارتماسلىق قىلمىشى ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغانلىقىنى، «تۆت خاھىش»نى تۈزەشتە ۋەزىپىنىڭ ئېغىر، يولىنىڭ يىراقلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرىدۇ، جەزمەن «قاتتىق» بولۇشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن ئۆزلۈكسىز ھالدا ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك رەھبىري كادىرلار چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلىپ، ئىبرەت ئېلىپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەۋىلىك جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىش ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ناتوغرا ئىستىل، ناچار كەيپىياتقا قارشى تۇرۇش، ئېسىل ئىستىلنى ئەۋج ئالدۇرۇش جەھەتتە «باشلامچى ياۋا غاز ئۈنۈم ئېففېكتى»نى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، سىياسىي ئىرادىنى ساقلاپ، داۋاملىق قاتتىق تۇتۇپ، قاتتىق باشقۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، «چارچاش يىغىندى كېسەللىك ئالامىتى»نى قەتئىي يېڭىپ، ئىزچىل ھالدا مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، «تۆت خاھىش»نى تۈزىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتىنى دەل جايىدا سۈرۈشتۈرۈپ، يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى سىجىل ساقلىشى؛ شامالغا قارشى ھالدا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى بەلگىلىمە، ئىنتىزام، قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشى؛ «تۆت خاھىش»نىڭ يوشۇرۇن ئۆزگىرىشىدىن ھەر ۋاقىت ساقلىنىپ، بالدۇر بايقىشى، بالدۇر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. دېلو ئارقىلىق ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، سەۋەب، تۈگۈننى تەكشۈرۈپ تېپىپ، تۈزۈمدىكى يوچۇقلارنى ئېتىشى؛ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ ئاشكارىلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەتراپىدىكى دېلو مىساللىرىنىڭ ئىبرەت تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈچلۈك چۆچۈتۈش شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، «چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان» ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت خاھىش»نى تۈزەش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: قۇربان ھېيت كېلەي دەپ قالدى، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى داۋاملىق يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ، تەربىيە بېرىش، ئەسكەرتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ ئاشكارىلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بايرام مەزگىلىدە بايقالغان «تۆت خاھىش» مەسىلىلىرىنى تېز تەكشۈرۈپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، بايرام كەيپىياتىنى ئۆزلۈكسىز ساپلاشتۇرۇشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۆتىنچى، ۋېي جىڭخۇانى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

گو مىن(ئايال)نى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

بەشىنچى، جەي جۈننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك، قوشۇمچە موناكو كىنەزلىكىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

لۇ شايېنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە، قوشۇمچە موناكو كىنەزلىكىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئالتىنچى، ما چاۋشۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىك، ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

جاڭ جۈننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىككە، ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پەرقلەرنى تېپىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تەكشۈرۈپ، تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى تۈزدى.

يىغىندا، شاۋكەت ئىمىن قاتارلىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ سەككىز ئەزاسى ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، ئانالىز قىلدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشنىڭ ھەرىكەت كۆرسەتكۈچى ۋە تۈپ مىزانى. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتنىڭ، خەلقنىڭ، تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىش كېرەك.

شاۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئۈلگە بولۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا «ئىككىنى قوغداش»نى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە نامايان قىلىش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئەمەلىي ئۈنۈمىدە نامايان قىلىش، كۈندىلىك سۆز، ھەرىكەتتە نامايان قىلىش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشتا ئۈلگە بولۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشتا ئۈلگە بولۇپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، نازارەت قىلىش ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. قەيسەر، كۈچلۈك ئورگان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا سىياسىي ئورگان قۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئادا قىلىش كېرەك.

شاۋكەت ئىمىن مۇنداق تەكىتلىدى: توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ئەھۋاللارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، تەشكىل تۈرتكە بولۇش بىلەن شەخسلەر تەشەببۇسكار بولۇشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، نىشان يېتەكچىلىكى بىلەن مەسىلە يۆنىلىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتاشتۇرۇپ، ئىدىيەۋى تونۇش دەل جايىدا بولۇش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش دەل جايىدا بولۇش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈش دەل جايىدا بولۇش، تەشكىلىي رەھبەرلىك دەل جايىدا بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇشىغا، نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خېيلۈن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۇمىڭ، پارتگورۇپپا ئەزالىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن مۇتەللىپ قاسىم، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل يىغىنغا قاتناشتى، مۇئاۋىن مۇدىر دۇڭ شىنگۇاڭ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.